## 10887 ـ هالال ۋە هارامنىڭ ئىنىقلىمىسى نىمە ؟

### سۇئال

هالال ۋە هارامنىڭ ئىنىقلىمىسى نىمە ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

هارام بولسا ئۇنى قىلغۇچى جازالىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئاللاھ چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تارتقۇچى مۇكاپاتلىنىدىغان نەرسە . هالال بولسا ئۇنى قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ، شۇنىڭدەك ئۇنى قىلماسلىق بىلەن گۇناھ بولمايدىغان نەرسە ، بىراق بىر كىشى ئۇنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى كۆچەيتىشنى مەقسەت قىلسا ، ئۇنداقتا بۇ نىيەت ئۈچۈن ئۇ مۇكاپاتلىنىدۇ .

بىر نەرسىنى هالال قىلىش ۋە هارام قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ھوقۇقى .خەلقلەر باركى ، ئۇلار ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىنى هالال قىلىدۇ ، ھەمدە بەزى خەلقلەر باركى ، ئۇلار ئاللاھ هالال قىلغان نەرسىنى هارام قىلىدۇ . ۋە شۇنىڭدەك بەزى خەلقلەر ئاللاھ بەلگىلىمىگەن ئىبادەتلەرنى پەيدا قىلدى ھەمدە ئۇ چەكلەنگەنىدى . دىنىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى بولسا ، هالال بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى رۇخسەت قىلغان نەرسە ، ھەمدە هارام بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى چەكلىگەن نەرسە . دىن بولسا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بەلگىلىگەن نەرسە . ھىچكىمنىڭ ئاللاھ ئۆز ئەلچىسىگە ئەۋەتكەن توغرا يولنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كىتىش ھوقۇقى يوق .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : بىزمىئنعث توغرا يولىزمدىر،شذ يولدا مئثعثلار،نا توغرا يوللاردا ماثماثلار،ظذلار سعلةرنع الله نعث يولعدعن ظايرعۇئتعدذ،( الله نعث ظةمرعنع تذتذص دوزاختعن)ساقلعنعشعثلار ظىحىن،الله سعلةرضة بذ ظعشلارنع تةۋسعية قعلعدذ .

[ ئەنئام( چاھارپايلار) : 153 ]

ئاللاھ ئەنئام سۈرىسى ، ئەئىراف سۈرىسى ۋە باشقىلىرىدا ، ئاللاھ ئۇ سەۋەبلىك مۇشرىكلارنى سۆككەن نەرسىلەرنى تىلغا ئالدى ، يەنى ئۇلار بەھىيرە ، سائىبەلەرگە ئوخشاش ئاللاھ هارام قىلمىغان نەرسىنى هارام قىلدى ؛ ھەمدە باللىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىنى هالال قىلىشتى ، ۋە ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان بىر دىننى بىكىتىشتى . شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دىدى : ظذلارنعث اللة رذخسةت قعلمعغان نةرسعلةرنع دعن قعلعص بئكةتكةن مةبذدلعرع بارمذ؟

ھەمدە ئۇلار هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىبادەتلەر قىلىۋىلىشتى ، مەسىلەن ، شىرىك قىلىش ، بۇزۇق ئىشلار ، مەسىلەن ، كەبىنىڭ ئەتراپىدا يالىڭاچ تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار .

پېشۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەجبد